### كىچىك كەنت ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى ــ

# «ئالقانچىلىك يەر»نى كىرىمنى ئاشۇرۇش باغچىسىغا ئايلاندۇردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆكتات ئۆستۈرۈش، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرىدىكى «ئالقانچىلىك يەر»نى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى كىرىمنى ئاشۇرۇش باغچىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

ئىللىق قۇياش نۇرىدا، ئوتتۇرا قۇمبا كەنتىدىكى تۈپتۈز ئاسفالت يوللار تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلىسىدا دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن، كۆكتاتلار رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

«ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا بۇنداق ئەمەس ئىدى.» قاغىلىق ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىدىن كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جوۋ چىڭ مۇنداق دېدى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھويلىسى قالايمىقان بولۇپ، كېسەك تام، كېسەك قوتان قاتارلىقلار ناھايىتى چوڭ كۆلەمنى ئىگىلىگەندى، كۆرۈمسىز بولۇپلا قالماي، يەنە يەر بايلىقى ئىسراپ بولۇپ كەتكەنىدى».

يوللارنى رېمونت قىلىپ تۈزلەش، كېرەكسىز نەرسىلەرنى تازىلاش، كېسەك تام، كېسەك قوتانلارنى چېقىش، پاكىز ئاشخانا سېلىش... خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئۆزگەرتىپ، ئەگمە پارنىك ياساپ كۆكتات تېرىپ ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلىدى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇخان ھويلىسىدىكى كېسەك ئۆي، كېسەك قوتانلارنى چېقىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى تازىلاپ، ئۈچ پۈڭگا يېقىن يەرنى رەتلەپ چىقىپ، كۆكتات تېرىدى، كاردورسىمان ئۈزۈم بارىڭى ياسىدى، باراڭ ئاستىدا يېشىل ئۆسۈملۈك ئۆستۈردى.

قۇياش نۇرى ئىللىق ئىدى، تۇخان ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىدا كۆكتاتلار بولۇق ئۆسكەن، ئۈزۈم تاللىرى يوپۇرماق چىقارغان بولۇپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، «ھازىر ئۆيىمىزنىڭ مۇھىتى باغچىغا ئوخشايدۇ، ناھايىتى راھەت» دېدى ئۇ.

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن ئوسمان كىيىمنى كىيىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ چىشنى چوتكىلاپ، يۈزىنى يۇيدى. ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ھويلىنى تازىلاشقا باشلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئادەتلەر تۇرسۇن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى. «ھازىر ئۆيدە سۇ چۈشۈرۈلىدىغان ھاجەتخانا بار، كوچىلار پاكىز، رەتلىك، بۇنداق ياخشى ئولتۇراق مۇھىتى بىزنىڭ تېخىمۇ ئاسرىشىمىزغا موھتاج» دېدى ئۇ.

مۇخبىر تۇرسۇن ئائىلىسىنىڭ ئالدى ھويلىسىغا قىزىل خىش ياتقۇزۇلغانلىقىنى، ئۈستىدىكى ياغاچ بارىڭىغا ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ياماشقانلىقىنى، ئون نەچچە تەشتەكتىكى گۈلنىڭ بەس ـ بەستە ئېچىلغانلىقىنى؛ ئارقا ھويلىدىكى كۆكتاتلىقتا يۇۋبەسەي، لازا قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ تېرىلغانلىقىنى، ئەگمە پارنىكتا شاپتۇل، چىلان دەرەخلىرىنىڭ بۈك ـ باراقسان ئۆسكەنلىكىنى كۆردى...

گۈزەل ھويلا ـ ئارانلار يېزا قىياپىتىنى يېپيېڭى تۈسكە كىرگۈزۈپ ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ پائال ئىلگىرىلەش روھىي قىياپىتىنى ئۇرغۇتتى.

تۇرسۇننىڭ ئوغلى ناھىيە بازىرىدا تاكسى ھەيدەيدۇ، كېلىنىنىڭمۇ خىزمىتى بار، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ كىرىمى مۇقىم. ئۆي ئىشلىرى ئانچە ئالدىراش بولمىغان چاغلاردا، ئۇمۇ ئانچە ـ مۇنچە تاكسى ھەيدەيدۇ، «تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، مېنىڭمۇ بىكار تۇرغۇم كەلمەيدۇ، كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولسىلا كۆپرەك تېپىش كېرەك» دېدى ئۇ.

ئوتتۇرا قۇمبا كەنتىنىڭ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى ئۆزگەرتىش 326 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ بىر پارچىدىن كۆكتاتلىقى بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى كىچىك ھويلا ـ ئارانلىرىدا بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە كۆكتاتچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى قاتارلىق خاس كەسىپلەر تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ھازىر بۇ كەنتتىكى كەنت ئاھالىلىرى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئائىلە ئوتتۇرىچە كىرىمنى يىلىغا 2000 يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇردى.

بۇ يىل خىزمەت ئەترىتى يەنە پۈتۈن كەنتتىكى ھويلا ـ ئارانلارنى قايتا تۈزەپ، قايتا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېھقانلار ئارامگاھلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلىماقچى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەتىجىدە تۈيۈقسىز كېسەل تېگىپ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى، دەسمايەمدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالدىم، مېنىڭ يەنە توخۇ باققۇم يوق».

شۇنىڭدىن كېيىن، خې جيەنشىن دائىم نۇر ئائىلىسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا توخۇ بېقىشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئانالىز قىلىپ بەردى، ھەم ئۇنىڭغا ئۆيدە بېقىلغان يەرلىك توخۇنىڭ بازار ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، نۇر ئاخىر يەنە بىر قېتىم سىناپ بېقىشقا قوشۇلدى.

خې جيەنشىن تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئادەم باشلاپ بېرىپ نۇرنىڭ ھويلىسىنى تۈزلەش، مېۋە ـ چېۋە كۆچىتى تىكىش، كۆكتات تېرىش، رەڭلىك پولاتتىن لاپاس ياساشقا ياردەملەشتى، يەنە 4000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلەپ ئۇنىڭ ھويلىسىغا 50 كۋادرات مېتىرلىق توخۇ كاتىكى سالدى. نۇرنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خې جيەنشىن يەنە ئۇنى باشلاپ باشقا توخۇ باقمىچىلىق فېرمىلىرىغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۆگەندى، چۆجە ۋە يەم سېتىۋالدى، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كۆچەت تىكتى، كۆكتات تېرىدى، توخۇ باقتى، كالا باقتى... خې جيەنشىننىڭ ئالدىراش سىماسىنى كۆرۈپ، نۇر چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، نۇر ئەينى چاغدا توخۇ بېقىشتا مەغلۇپ بولۇش سەۋەبىنىڭ توخۇ بېقىش قىيىن بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى باقمىچىلىق تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن بولغانلىقىنى ئاندىن چۈشەندى.

خې جيەنشىننىڭ ياردىمىدە، نۇر باققان توخۇلار ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ تۈگىدى، ئۇ تېرىغان كۆكتاتلىرىدىن خۇشاللىنارلىق ھوسۇل ئالدى، 2018 ـ يىلى ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىگە تايىنىپ كىرىمنى 6000 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇردى.

«ھازىر، كۆڭلۈمدىكى تۈگۈن ئۈزۈل ـ كېسىل يېشىلدى.» نۇر كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 1 ـ ئايدا، مەن 6000 يۈەنگە بىر موزاي سېتىۋالدىم، ھازىر يەنە بىر كالام بوغاز بولدى، 5 ـ ئايدا موزايلايدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن، مەن يەنە 100 توخۇ باقماقچى بولۇۋاتىمەن. ئىنىمنىڭ تەكلىپى بىلەن، مەن يەنە ئون پاقالان سېتىۋالدىم، 10 ـ ئايلاردا ئۆيۈمدىكى قويلارنى ساتسام بولىدۇ».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، ئېرتاي «1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە كۈتۈۋالغان تۇنجى كىچىك ھۆددە ئۆمەك بولۇپ، بۇ ئۆمەكتىكى سەككىز ئادەم ئۈرۈمچى، سانجى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن. «ساياھەت يېتەكچىسىدىن ئىبارەت بۇ كەسىپ ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.» ئېرتاي يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن سومكىسىنى ئاچتى، ئىچىدە ماسكا، ئىسپىرت، دېزىنفېكسىيەلەش ھۆل قەغىزى قاتارلىقلار بار ئىدى. ساياھەت ئۆمىكى بىرىنچى بېكەت قاناس مەنزىرە رايونىغا يېتىپ باردى، تاغ ـ داللارنى قاپلىغان قارىغايلار مەيىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى... «قاناس مەنزىرە رايونىنى بىر تاغ، ئىككى كۆل، ئۈچ قولتۇق، تۆت سىر، بەش بىردىنبىرگە يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ...» ئېرتاي جانلىق سۆزلەپ بەردى. «بۇ يىگىت ناھايىتى قىزغىن ئىكەن» «چۈشەندۈرۈشى جايىدا بولدى»... ساياھەتچىلەر ئېرتاينىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشلىرىنى بەس ـ بەستە ماختىدى. «يېقىنقى بىر مەزگىلدە، مەن بىلەن ئالدىن كېلىشىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ساياھەتچىلىك تېز سۈرئەتتە جانلىنىۋاتىدۇ، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ، ساياھەتچىلەرگە ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن» دېدى ئېرتاي.

«بوۋا، سىز قەيەرگە نەرسە ئەۋەتەمسىز؟ مەن سىزگە ياردەملىشىپ تالوننى تولدۇرۇپ بېرەي.» 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكۈچى، جۇڭگو پوچتا تېز يەتكۈزۈش ئەشيا ئوبوروتى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركىتىنىڭ چوڭ بازار تىجارەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خالىدە ئابلەت ئادەتتىكىگە ئوخشاش دۇكانغا كېلىپ بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىدى. «مەن بىكار تۇرالمايمەن، بىكار تۇرسام ئاغرىپ قالىمەن» دېدى خالىدە قىزىقچىلىق قىلىپ. 1996 ـ يىلى، ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي، خەلقئارا كەسىپكە مەسئۇل بولدى، خىزمەتنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ كۆپ دۆلەت تىلىنى ئىگىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. گەرچە خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كەچلىك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ چەت ئەل تىلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، بەش يىل ئىچىدە رۇس تىلى، ئىنگلىز تىلى، ئۆزبېك تىلى قاتارلىق كۆپ دۆلەت تىلىنى پىششىق ئىگىلىدى ھەم تىل ئەۋزەللىكىنى خەلقئارا كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە شىركەتنىڭ خەلقئارا ئالاھىدە تېز يوللانما كەسپىنى دەسلەپتىكى نۆل باشلىنىش نۇقتىسىدىن خەلقئارا كىرىمنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى. گەرچە خالىدەنىڭ ئۆيى ئىش ئورنىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئىشتىن چۈشۈشى ناھايىتى ئاز ئىدى. «ئېرىم بىلەن ئوغلۇم مېنى ئەنتايىن چۈشىنىدۇ، بۈگۈن ئۇلار مەخسۇس دۇكانغا كېلىپ ماڭا ياردەملىشىپ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئەمگەكچىلەر بايرىمى ئۆتكۈزدى، مەن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم» دېدى خالىدە كۈلۈپ تۇرۇپ.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا، ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى قاردىلىغاچلىق تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە ـ ئاممىۋىيەت ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ياڭ مېي ئالدىراش بولۇپ كەتتى. «كۆپچىلىك ھەممىمىز يان تېلېفونىمىزنى 24 سائەت ئوچۇق قويۇپ، ھەر ۋاقىت بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىمىز.» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۇ بىر كۈنمۇ ئارام ئالمىدى، يەنە ھەر ۋاقىت خىزمەتداشلىرى بىلەن ئولتۇراق رايوندىكى بىنا ـ قورۇلارنىڭ تازىلىق، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ، گۈرۈچ، ئۇن ۋە مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلارنى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بەردى. «بىز بىر ئۆلۈش كۆپ جاپا تارتساق، ئاممىا بىر ئۆلۈش كۆپ خۇشال بولىدۇ» دېدى ياڭ مېي كۈلۈپ تۇرۇپ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئورگانىك ئوغۇت توپلاش ـ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىمىيەۋى ئوغۇت مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، سۇ بىلەن ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ئوغۇتلاش ئەندىزىسىنى كېڭەيتىپ، بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش ـ بىرتۇتاش تۈزەش، يېشىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، پۈتۈن جەرياندا دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇپ قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە خىمىيەۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى %40تىن ئاشۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ مەنپىي ئېشىشىنى ساقلايدۇ.

ئىلمىي ئوغۇتلاشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «بىرتۇتاش پىلانلاش، رايونلاردا نۇقتا تەسىس قىلىش، ئۇنىۋېرسال سىناق قىلىش» تەلىپى بويىچە، ئېتىز ـ ئېرىق تەجرىبىسىدىن 150نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوغۇت رېتسېپىنى تەكشۈرۈپ ئەلالاشتۇرۇپ، زىرائەتلەرنى ئايرىپ ئىلمىي ئوغۇتلاش يېتەكچى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەم لوپنۇر ناھىيەسى قاتارلىق بەش ناھىيەدە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئوغۇت تەقسىملەش مۇلازىمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئوغۇت تەقسىملەش ماشىنىسى سەپلەپ، دېھقانلار ئۈچۈن ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئوغۇت تەقسىملەش مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون 11 ناھىيە، شەھەرنى تاللاپ خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، يېشىل ئوغۇت تېرىقچىلىقى، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۆپەيتىش، تۇپراقنى ياخشىلاش قاتارلىق خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق كېڭەيتىلىدىغان تېخنىكىنى توپلاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ، خىمىيەۋى ئوغۇت مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش بويىچە 10 مىڭ مولۇق ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ يەنە يەكەن ناھىيەسىنى بادامنى ئورگانىك ئوغۇتلاشنى خىمىيەۋى ئوغۇتلاشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىكى نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان ناھىيە قىلىپ قۇرۇشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭى تىپتىكى مەھەللىۋى ئوغۇت توپلاش ـ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، چارۋا ـ قۇش قىغى، زىرائەت شاخ ـ شۇمبىلىرى، ياۋا يېشىل ئوغۇت، يېزا تۇرمۇش ئەخلىتى قاتارلىق ئورگانىك ماتېرىيال بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئورگانىك ئوغۇتنى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

2019 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى بىردەك مەنپىي ئاشتى.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# شۇ جيەنپىڭ: يۈرەك قېنى ۋە ھاياتى بىلەن جەڭ بۈركۈتىنى پەرۋاز قىلدۇردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جاڭ مىمى



شۇ جيەنپىڭنىڭ سۈرىتى (2010 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تارتىلغان).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

«مەن ئايروپىلان ئىشلىرى خىزمىتىنى ياخشى كۆرىمەن، مەن بۇ يەردە بىر ئۆمۈر ئارامسىز ئىشلەيمەن.» قەسەم بەرگەندىن باشلاپ، شۇ جيەنپىڭ بۇ ئېتىقادنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىسىگىچە چىڭ ساقلىدى.

ئايروپىلان ئىشلىرى ئەسكەرلىرى خەلق ھاۋا ئارمىيەسى ئاۋىياتسىيە سېپىدىكى بىر توپ ئالاھىدە كىشىلەر ــ ئۇلار ھەر كۈنى ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا ھەمراھ بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۈچۈن ئايروپىلان ھەيدەپ بۇلۇت ئۈستىگە چىقىش پۇرسىتى بولمايدۇ؛ ئۇلار يىل بويى ئايرودرومنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا يۈرىدۇ، ئۈششۈپ قېلىش بىلەن ئاپتاپتا كۆيۈش ئۇلارنىڭ پەسىل ئالمىشىش بەلگىسى، ماي دېغى بىلەن تەر دېغى ئۇلارغا يىل بويى ھەمراھ بولىدىغان ئالا ـ بۇلماچ رەڭ.

شۇ جيەنپىڭ ئايروپىلان ئىشلىرى سېپىنىڭ بىر ئەزاسى.

ئادەتتىكى كۇرسانتتىن يەر يۈزى مېخانىكى بولۇشقىچە، ئاندىن ئايروپىلان ئىشلىرى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، ئايروپىلان ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ئاۋىياتسىيە قىسمى شى قورال ـ جابدۇق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇشقىچە، ئۈچەسغا سۇركۆك رەڭلىك خىزمەت فورمىسى كىيگەن شۇ جيەنپىڭ مۇشۇنداق خىزمەت ئورنىدا ئۇدا 28 يىل ئىشلىدى.

ھەر كۈنى بولتا چىڭىتىش، سىم يولىنى تەكشۈرۈش، ئاپتول قاچىلاش... بۇلار قارىماققا تەكرار خىزمەت بولسىمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتنى، چىدامچانلىقنى سىنايدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئايروپىلان ئىشلىرى خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، بۇرچ تۇيغۇسىنى سىنايدۇ.

پۈتۈن ئوتتۇرا ئەترەتتىكى مېخانىك ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باشلاپ، شۇ جيەنپىڭ ئايروپىلاننىڭ 26 مىڭ 618 سائەت بىخەتەر ئۇچۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش رېكورتىنى ياراتقان. نەچچە ئون يىلدا، ئۇ تولدۇرغان ئۇچۇشنى خاتىرىلەش تالونلىرى نەچچە دەپتەر بولغان، بارلىق خاتىرە رەتلىك، مەزمۇنى چۈشىنىشلىك يېزىلغان.

ئۇزاق يىل يۇقىرى سىجىللىقتا خىزمەت قىلغانلىقتىن، ئۇ ئايروپىلان ئىشلىرى ئەسكەرلىرىدە بولىدىغان بويۇن ئومۇرتقا كېسىلى، بوغۇم ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىم، ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغى قاتارلىق بىر قاتار كەسپىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان... ھەر قېتىم كاماندىروپكىغا چىققاندا، ئۇ بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان دورىلار يۈك ـ تاق ساندۇقىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن، ۋەزىپە كېلىپ قالسا، يەنە كېچىلەپ ئىشلىگەن.

2010 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شۇ جيەنپىڭ ئەترەتنى باشلاپ مەلۇم ھەربىي زاۋۇتقا بېرىپ چوڭ رېمونت قىلىنىدىغان ئايروپىلاننى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ، ئۇ مەسئۇل بولغان مۇشۇ تىپتىكى ئايروپىلاننىڭ تۇنجى قېتىم دۆلەت ئىچىدە چوڭ رېمونت قىلىنىشى ئىدى. چوڭ رېمونت قىلىنغان ئايروپىلاننىڭ كۆك ئاسمانغا قايتا ئۇچۇپ چىقىش ـ چىقالماسلىقى مۇھىم ئىش ئىدى، شۇ جيەنپىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئىشلىگەن. ئۇلاش ـ قوراشتۇرۇش جەريانى 45 كۈن داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى تۇپتوغرا ئون جىڭ چۈشۈپ كەتكەن.

ئۇلاش ـ قوراشتۇرۇش گۇرۇپپىسى زەپەر قۇچۇپ، تېخى ياخشىراق ئارام ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئۇ يەنە يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان: ئەترەتنى باشلاپ چەت ئەلگە چىقىپ، يېڭى ئايروپىلان تىپىنى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇشنى ئۆگىنىشنى تاماملىغان.

يۇقىرى سىجىللىقتىكى ئۆگىنىش ئۇنىڭ بەدىنىدىكى يوشۇرۇن «مىنا»نى پارتلاتقان ــ قورساق قاتتىق ئاغرىپ، كېچىچە ئۇخلىيالمىغان. كۈندۈزى ئۇ ناھايىتى قىينالغان ھالدا دەرسخانىغا كىرگەن، مەشىق مەيدانىغا بارغان؛ كېچىسى، ئۇ چىراغ يورۇقىدا كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يېيىپ، كېچە ـ كېچىلەپ تاڭ ئاتقۇچە تەكرار قىلغان. ئاغرىق ئازابى قىينىغاندا، ئۇ مۇشتى بىلەن قورسىقىنى بېسىپ تۇرغان، مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر تامچىلىرى ياغۇردەك تۆكۈلگەن، يەنە بىر قولىدا قەلەمنى چىڭ تۇتقان...

يېڭى ئايروپىلاننى ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش سىنىقىدا، شۇ جيەنپىڭ ئومۇمىي باھالاشتا 93.5 نومۇر بىلەن ئىككىنچى بولغان. ئۇنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش كىچىك ئەترىتىدىكى بارلىق ئەزالار ئەلا نەتىجە بىلەن يېڭى ئايروپىلان تىپى بويىچە تەربىيەلەش لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغان.

ئۆگىنىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەن ئىككىنچى كۈنى، شۇ جيەنپىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان. دىياگنوز نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ئازابلىغان: جىگەر راكى، ئاخىرقى باسقۇچ. كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇشقا قاتناشقان دوختۇر خورسىنغان ھالدا: «ئۆسمە مۇشتۇمدەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇ قانداق بەرداشلىق بەرگەندۇ؟» دېگەن.

جان ئۈزۈش ئالدىدا، شۇ جيەنپىڭ كۆپلەپ قان قۇسقان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان خىزمەتداشلىرى ئايرودرومدا كاشىلىنى تۈگىتىپ بولۇپلا، ئالدىراپ ـ تېنەپ دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغان. ئاسما ئوكۇل ئېسىلغان ئۇ ماغدۇرسىز ھالدا: «سىز نېمىشقا خىزمەت فورمىسى كىيىۋالدىڭىز؟ ئايروپىلاندا بىرەر ئەھۋال كۆرۈلدىمۇ؟» دەپ سورىغان.

2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شۇ جيەنپىڭ تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەن.

توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى، شۇ جيەنپىڭنىڭ سۈرىتى يەنىلا ئۇ تۇرۇشلۇق ئاۋىياتسىيە قىسمى شى تارىخى سارىيىغا ئېسىقلىق تۇرماقتا. ھەر يىلى يېڭى ئەسكەرلەر، يېڭى كادىرلار، ئايروپىلان ئىشلىرىنى ئۆگەنگۈچى ئەسكەرلەرنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇشتىكى تۇنجى بېكىتى تارىخ سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۇلار «لاۋشۇ»نىڭ سۈرىتى ئالدىدا، كۆرگەزمە ئىشكاپىدىكى ئۇ ئىلگىرى ئېرىشكەن نۇرغۇن گۇۋاھنامە، مۇكاپات لوڭقىسى، مېداللار ئالدىدا ئۇزاققىچە ئۆرە تۇرۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)